# رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تەكرار-تەكرار سورىدىكى: سىلەرگە چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى ھەققىدە خەۋەر بېرەيمۇ؟

# رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تەڭمۇ-تەڭ بولمىسا، كۆمۈشنى كۆمۈشكە، ئالتۇننى ئالتۇنغا ئېلىم-سېتىم قىلىشتىن توستى، ۋە كۆمۈشنى ئالتۇنغا، ئالتۇننى كۆمۈشكە خالىغىنىمىزچە ئېلىم-سېتىم قىلىشىمىزغا بۇيرۇدى

ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەڭمۇ-تەڭ بولمىسا كۆمۈشنى كۆمۈشكە، ئالتۇننى ئالتۇنغا ئېلىم-سېتىم قىلىشتىن توستى، ۋە كۆمۈشنى ئالتۇنغا، ئالتۇننى كۆمۈشكە خالىغىنىمىزچە ئېلىم-سېتىم قىلىشىمىزغا بۇيرۇدى،-دېدى، بىر كىشى ئۇنىڭدىن قولمۇ-قول بولۇشى كېرەكمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئەبۇ بەكرە: مەن يۇقارقىدەك ئاڭلىغان،- دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۆمۈشنى كۆمۈشكە پەرقلىق قىلىپ سېتىش جازانە بولغاچقا، ئىككىسىنىڭ ئېغىرلىقى تەڭ بولمىسا ئېلىپ-سېتىش چەكلەندى، ئەمما سودا مەيداندا نەخ ئېلىش ۋە تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن كۆمۈشنى ئالتۇنغا، ئالتۇننى كۆمۈشكە پەرقلىق بولسىمۇ سېتىشقا بولىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا چەكلەنگەن نىسى جازانىسى بولىدۇ، چۈنكى تۈر پەرقلىق بولسا ئارتۇق-كەم قىلىپ سودا قىلسا بولىدۇ. ئەگەر ئىلىم-سېتىم قىلىنغان ئالتۇن-كۈمۈشنى سودا بولغان ۋاقىتتا قولغا نەخ ئىلىش شەرت قىلىنمىغىنىدا جازانىغا ئىلىپ بارىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5921

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee